# پېيك رېنفا: ئاۋىياتسىيە ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش

(بېشى 5 - بەتتە)

يەنە دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ۋاقتىنىمۇ ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان، كەچتە ئۇخلىغاندىمۇ يوتقان ئىچىدە قولچىراغ ياندۇرۇپ كىتاب ئوقۇغان. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، ئۇ سەپداشلىرى بىلەن بىللە دائىم دالىغا چىقىپ ئۆگىنىش قىلىپ، ئۆگىنىش بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزگەن.

تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، پېيك رېنفا ناھايىتى تېزلا «ئۇچۇش قائىدىسى» «سىرتقى مەيداندا ئاسراش» «ئىچكى مەيداندا رېمونت قىلىش» قاتارلىق ئاۋىياتسىيە ئاساسىي نەزەرىيە دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن ئاۋىياتسىيە بىلىملىرى ۋە تېخنىكىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىگەن، ھەم نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىي مەشغۇلات تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، ھەربىر ئىمتىھاندا تۆتتىن يۇقىرى نومۇر ئالغان(تولۇق نومۇر بەش نومۇر).

پېيك رېنفا دائىم شىنجاڭدا ئوقۇۋاتقان سەپداشلىرى بىلەن ئۆزئارا مەدەت بېرىشەتتى، ئۇ ئىلگىرى سەپداشلىرىغا مۇنداق دېگەن: «بىز كومپارتىيە ئەزاسى، تېخنىكا ئۆگەنگىلى كەلگەن، تەشكىلنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويساق ھەرگىز بولمايدۇ، تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ئۆزىمىزنىڭ ھاۋا ئارمىيەسىنى قۇرۇپ چىقىمىز».

1939 - يىلى 11 - ئايدا، پېيك رېنفا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندە، شاۋۋېي ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئاۋىياتسىيە ئەترىتىدە داۋاملىق قېلىپ پراكتىكا قىلغان ھەم مېخانىك بولغان.

1940 - يىلى 2 - ئايدا، بىر قېتىملىق ئۇچۇش مەشىقىدە، ھاۋا سوغۇق بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ موتورى ئوت ئالمىغان، پېيك رېنفا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئوت ئالدۇرغان، پىرقىرىغۇچ تۇيۇقسىز ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىر يارىلىنىپ، بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا جەمئىي 93 ئىنقىلابىي قۇربان دەپنە قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، پېيك رېنفا قاتارلىق ئون ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ جەسەت سۆڭىكى 1956 - يىلى قەبرىستانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قەبرىستانلىققا كۆچۈرۈلگەن، لېكىن ئون ئىنقىلابىي قۇربان ئىچىدە بىرلا پېيك رېنفانىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىستانلىقتىكىلەر باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمىغان.

«ھەر يىلى چىڭمىڭدا، نۇرغۇن ئورۇن ۋە مەكتەپتىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇقرالارنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، بىزمۇ يەنە سەييارە كۆرگەزمە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ماتېرىيال كۆرگەزمە تاختىسىنى ھەرقايسى ئورۇنلارغا ئېلىپ بارىمىز.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەشۋىق - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى گې مىن مۇنداق دېدى: ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى، روھىدىن ئۆگىنىش ئاممىنىڭ تارىختا بولغان چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جانلىق ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ، «ئىنقىلابىي قۇربان پېيك رېنفا ئۆزىنىڭ قەتئىي غايە - ئېتىقادىغا تايىنىپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىپ، ئاۋىياتسىيە بىلىملىرىنى ئۆگەندى، ھەتتا ئۆزىنى قۇربان قىلدى، بۇ خىل قەتئىي بوشاشمايدىغان روھ ھەربىر كىشىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ».

# ۋاڭ دېشياڭ: خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان قىزىل ئارمىيە ئۇچقۇچىسى

( بېشى 5 - بەتتە)

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ سول تارماق ئەترىتى خەۋپ - خەتەرلەرنى يېڭىپ شىنجاڭغا يېتىپ بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋەكىللىرىدىن چېن يۈن، تېڭ دەيىۋەننىڭ ماسلىشىشى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن. چېن يۈننىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشىدە، پارتىيەمىز سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ياردەم بەرگەن ھەربىي ئىشلار ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، دىخۋانى ھەربىي ئىشلار كادىرلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مۇھىم بازا قىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ كۆپ ئەسكىرى تۈرى، كۆپ پەن ھەربىي ئىشلار تېخنىكا مەكتىپىنى قۇرغان. 1938 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاۋىياتسىيە قىسمى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، ۋاڭ دېشياڭ قاتارلىق 25 ياش كۇرسانت ئۇچقۇچىلار بەنگە كىرگۈزۈلگەن. ۋاڭ دېشياڭ سەپداشلىرى بىلەن ئاۋىياتسىيە قىسمىغا كىرگەندىن كېيىن، جىددىي بولغان ئاۋىياتسىيە ئاساسىي نەزەرىيەسى ۋە ئايروپىلان مەشغۇلاتى، يول باشلاش، پىرىبور، ھاۋارايى قاتارلىق كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، ئارقىدىن يەككە ئايروپىلاندا ئۇچۇش مەشىقى قىلغان. مەيلى نەزەرىيە ئۆگىنىشتە بولسۇن ياكى ئۇچۇش پراكتىكىسى قىلىشتا بولسۇن، ۋاڭ دېشياڭنىڭ نەتىجىسى ھەرقاچان ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان.

1942 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە، ئۇ قوش قاناتلىق بىر كۆرەشچى ئايروپىلانىنى ھەيدەپ 3000 مېتىر ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇچۇش مەشىقىنى باشلىغان. ئادەتتە، ئۇ ئۇچۇش تېخنىكىسىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەزەلدىن بىخۇدلۇق قىلمىغان. شۇ كۈنى، ئۇ چوڭ، كىچىك يانتۇلۇقتا ئايلىنىپ ئۇچۇپ جىددىي بۇرۇلۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، موللاق ئېتىش ماھارىتى كۆرسىتىشكە باشلىغان، 1 - قېتىم ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىغان، شۇنىڭ بىلەن 2 - قېتىم ئالاھىدە ماھارەت مەشىقى قىلغان. تۇيۇقسىز تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ، ئايروپىلاننىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىدە بىنورماللىق كۆرۈلۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا، موللاق ئېتىۋاتقان ئايروپىلان پىرقىراپ تۆۋەنلىگەن. ئايروپىلاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ۋاڭ دېشياڭ پاراشوت بىلەن سەكرەپ ھايات قېلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئاران 26 ياشتا ئىدى.

# چېن تەنچيۇ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، پارتىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى

(بېشى 5 - بەتتە)

چېن تەنچيۇ مەركىزىي سوۋېت رايونىدا قېلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى سوۋېت رايونى مەركىزىي شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1935 - يىلى 8 - ئايدا موسكۋاغا بېرىپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان.

1939 - يىلى 5 - ئايدا، چېن تەنچيۇ بۇيرۇققا بىنائەن دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋە 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولغان. ئۇ شىنجاڭدىكى مىلىتارىست شېڭ شىسەيگە قارشى جانلىق، ماھىرلىق بىلەن كۆرەش قىلغان. شېڭ شىسەي ئاشكارا ھالدا سوۋېتكە قارشى، كومپارتىيەگە قارشى يولغا ماڭغاندىن كېيىن، 1942 - يىلى يازدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چېكىنىشىگە قوشۇلغان. چېن تەنچيۇ ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈمگە تىزىپ: «يەنە بىر يولداشلا بولىدىكەن، مەن ماڭسام بولمايدۇ» دېگەن.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چېن تەنچيۇ قولغا ئېلىنغان. دۈشمەنلەر چېن تەنچيۇنى دەھشەتلىك قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ئۇنى «پارتىيەدىن ئايرىلىش»قا مەجبۇرلىغان. چېن تەنچيۇ قەتئىي باش ئەگمىگەن. 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، چېن تەنچيۇ تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن، ئەينى يىلى ئۇ 47 ياشتا ئىدى.

بۇ يىل 76 ياشقا كىرگەن چېن گوئەن چېن تەنچيۇنىڭ نەۋرە جىيەنى بولۇپ، ئۇنىڭ چېن تەنچيۇنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇ خاتىرە سارىيىغا خالىس قاراۋاتقىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان. ئۇنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، 1979 - يىلى، يەرلىك كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن مەبلەغ توپلاپ چېن تەنچيۇنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇ خاتىرە سارىيىنى رېمونت قىلىپ قۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ قېتىم رېمونت قىلىپ ياخشىلىشى بىلەن، بۇ يەر چېن تەنچيۇنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇ خاتىرە سارىيى، ھايات كەچۈرمىشلىرى كۆرگەزمە سارىيى، مىس ھەيكەل مەيدانى، قەسەم بېرىش مەيدانى قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن قىزىل مەنزىرە رايونىغا ئايلانغان، ھەر يىلى 200 نەچچە مىڭ ئادەم قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ ئېھتىرام بىلەن تەزىيە بىلدۈرىدىكەن.

# لىن جىلۇ: قىزىل قەلبى بىلەن تيانشانغا نۇر چېچىش

(بېشى 5 - بەتتە)

لىن جىلۇ پارتىيەنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي باشقارما باشلىقى، ئاقسۇ مەمۇرىي رايونى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، كۇچا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شىنجاڭ شۆيۈەندە، لىن جىلۇ يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆسىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىغا تەقلىد قىلىپ، «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي - ساددا بولۇش، جانلىق بولۇش»نى مەكتەپ تەلىمى قىلىپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ئوقۇتۇش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، يېڭىچە خىزمەت ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئون چوڭ پروگرامما»نى بايان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ دەرسخانىدىن چىقىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، خادىملارنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. لىن جىلۇ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ يېتىشتۈرۈشى، تەربىيەلىشىدە، كۆپلىگەن ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلاب يولىغا ماڭغان، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغان.

لىن جىلۇ ئىككى ناھىيەدە ھاكىم بولغان مەزگىلدە، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئېچىش قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغان، مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويغان، قاماقتىكى بىگۇناھ ئاممىنى قويۇپ بەرگەن، دۇرۇس، ئىشەنچلىك، ئىقتىدارلىق ھەر مىللەت ئەمەلدارلارنى ئۆستۈرگەن، ياشانغانلار ساناتورىيەسى ۋە يېتىم باللارنى بېقىش ئورنى قۇرغان، خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېتىز بىنا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرغان، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قىلغان.

1942 - يىلى 9 - ئايدا، ئەكسىيەتچىل مىلىتارىست شېڭ شىسەي شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. دۈشمەنلەر لىن جىلۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغان، لىن جىلۇ قاتارلىقلار قەتئىي تىز پۈكمەي، تۈرمىدە پارتىيەنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، داۋاملىق دۈشمەنگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلغان. لىن جىلۇ داڭلىق ئەسىرى «مەھبۇسلار ناخشىسى»دا، ئىنقىلابقا بولغان پىداكارانە ساداقىتى ۋە قەتئىي ئىشەنچىسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پىداكارلىق بىلەن مەيدانىمىزنى ساقلايمىز! كاللىمىز كېتىشى مۇمكىن، ئەركىنلىكنىڭ ئالتۇن مۇنارىنى قۇرۇپ چىقىمىز؛ قىپقىزىل قېنىمىز بىلەن قىزىل بايراقنى بوياپ، ئۇزاققىچە جەۋلان قىلدۇرىمىز!»

1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، لىن جىلۇ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىللە قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، شۇ چاغدا ئۇ ئاران 27 ياشتا ئىدى.

لىن جىلۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، لىن جىلۇ ھايات ۋاقتىدا قۇرغان كۇچا باشلانغۇچ مەكتىپىگە «لىن جىلۇ باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ نام بېرىلدى، لىن جىلۇنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى بار كوچىغا «لىن جىلۇ كوچىسى» دەپ نام بېرىلدى، شىنجاڭ داشۆنىڭ مەكتەپ قورۇسىدىكى بىر يولغا «لىن جىلۇ يولى» دەپ نام بېرىلدى.

يۇرتىدىكى خەلقمۇ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇنى خاتىرىلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دوۋخۇ بازىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىزىل ماھىيەتلىك مەزمۇنلارنى قېزىپ، قىزىل گېننى تاۋلاپ، ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇنى خاتىرىلەش باغچىسى، لىن جىلۇنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىغا تايىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئۆزگىچە دەرسخانىسى بەرپا قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئايتۇرسۇنخان بۇ ئۆزگىرىش ۋە بەختلەرنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىدا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇردى.

## ■ «مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى بەكمۇ سېغىندىم»

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئايتۇرسۇنخان تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇشنى تاماملىدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن پەيتلەر دائىم ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيتتى، ئۇ ئۆزىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلغان ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئەسلەيتتى.

ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئايتۇرسۇنخان بىر ئائىلە كىشىلىرى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ئۆي يىغىشتۇرۇش، قورۇنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش بولغاندىن باشقا، يەنە ئايتۇرسۇنخان ئاشخانىدا تۇخۇم ۋە ئۇن بىلەن ھەر خىل پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەززىلىك پېچىنە - پىرەنىكلەر پىشقاندىن كېيىن، ئىنچىكىلىك بىلەن بىر - بىرلەپ خالتىغا قاچىلىدى. ئۇ كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنى مەخسۇس يوقلىماقچى ئىدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئوقۇتقۇچىسى قەمبەرنىساخان تۇرسۇننىيازنى كۆرگەندە، ئىككىيلەن خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ قۇچاقلاشتى، خۇشاللىق ياشلىرى كۆزلىرىدىن سىرغىدى. «تەربىيەلەشكە قاتناشقان مەزگىلدە، ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ئۆز بالىسىدىن خەۋەر ئالغاندەك بىزنى ئاسرىدى. بىر قېتىم مەن ئاغرىپ قالغاندا، قەمبەرنىساخان مۇئەللىم ماڭا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ، ئىككى ئاخشام تۈزۈك دەم ئالمىدى» دېدى ئايتۇرسۇنخان.

ئايتۇرسۇنخاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى چوڭقۇر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مېھىر - مۇھەببىتى ۋە دوستلۇقنى يېزىش بىلەن توشقانىدى.

«مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتى ئىنتايىن ياخشى، ئاشخانىنىڭ تاماق - سەيلىرىمۇ يېيىشلىك، مەن يەنە سەمرىپ قالدىم.»

«كەچلىك تەكراردا، ئوقۇتقۇچى ماڭا: سىز ئوقۇشنى تاماملاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، سەممىي، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ياخشى پۇقرا بولۇڭ! دېدى».

«ئوقۇشنى تاماملىغىنىمغا بىر ئاي بولدى، مەكتەپنى بەك سېغىندىم، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىمۇ بەك سېغىندىم».

ئايتۇرسۇنخان ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى توغرىسىدا پاراڭلاشتى، ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويۇۋەتمىدى. قەمبەرنىساخان خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق خۇش پېئىل، مۇشۇنداق خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىلغان بارلىق ئەجرىمنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم».

## ■ «بىز يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق»

«بۇ بەنچاك، بۇ ئاشخانا، بۇ ھاجەتخانا، بۇنىڭدىن كېيىن سۇسىز ھاجەتخانىغا بارمايدىغان بولدۇق.» ئايتۇرسۇنخان مۇخبىرلارنى باشلاپ يېڭى ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. كارىۋاتقا، يەرگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، سۇس ھال رەڭلىك پەردىلەردىن چۈشكەن قۇياش نۇرى كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى.

كۈندىلىك خاتىرىگە ئايتۇرسۇنخاننىڭ يۈرەك سۆزى خاتىرىلەنگەنىدى: ئوقۇتقۇچى مەندىن قانداق ئارزۇيىڭىز بار دەپ سورىغاندا، مەن تويدىن كېيىن، قېيىنئانام، ئاكام - يەڭگەم ئۈچ ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كەلدىم، ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بولۇشىنى ئىنتايىن ئۈمىد قىلىمەن دەپ جاۋاب بەردىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار دەرھال ئۇ تۇرۇشلۇق بازارلىق ھۆكۈمەت ۋە كەنتنىڭ 1 - شۇجىسىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى.

ئايتۇرسۇنخاننىڭ دېيىشىچە، ئەمەن ئۆي سالغاندا ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولغان. «بىز يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن مىننەتدار بولدۇم، مېنىڭ ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى» دېدى ئۇ.

بۇ ئائىلىدىكىلەرنى بالدۇرراق يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈش ئۈچۈن، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار بىلەن كەنت كادىرلىرى بىرلىكتە ياردەملىشىپ ھويلا - ئارانى تەكشىلىدى. ئايتۇرسۇنخاننىڭ دېيىشىچە، ھويلىسى قىزىلگۈل تېرىشقا ئەڭ ماس كېلىدىكەن.

## ■ «مەن بىر گۇرۇپپا باشلىقى»

تەربىيەلەش مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە قانۇن ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئايتۇرسۇنخاننىڭ قەلب دېرىزىسىدىن بىرسى ئېچىلدى، بىر كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاياغ تىكىش ھۈنىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئايتۇرسۇنخان ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئاياغ زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىدى. ئاياغ زاۋۇتىنى يەرلىكتىكى بىر پۇقراۋى كارخانا ئاچقان بولۇپ، زاۋۇت ئۆيى قوشنا كەنتتىلا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى توكسكلىت بىلەن ئىشقا بېرىپ - كېلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى قولايلىق ئىدى.

ئاياغ زاۋۇتىدا 50تىن ئارتۇق ئايال خىزمەتچى بار بولۇپ، ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرى، يەنە ئايتۇرسۇنخانغا ئوخشاش ئوقۇشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. زاۋۇت ئۆيى ئازادە، يورۇق بولۇپ، يۇقىرى قۇۋۋەتلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىزچىل ئوچۇق تۇرغاچقا، خىزمەت مۇھىتى ناھايىتى راھەت ئىدى.

ئايتۇرسۇنخان پۈتۈڭخۇادا سۆزلىيەلىگەچكە، ماھارەتكە پىششىق بولغاچقا، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇ 30غا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچىنى باشقۇرىدۇ. «مېنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىم ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئايتۇرسۇنخان كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى يازغانىدى: بىزنىڭ گۇرۇپپا ھەر كۈنى 30جۈپتىن 50جۈپكىچە ئاياغ ئىشلەپچىقىرالايدۇ، بۇ بىر كۆڭۈللۈك خىزمەت.

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا، ئايتۇرسۇنخان بىرقانچە خىزمەتدىشى بىلەن بازار ئايلىنىشقا كېلىشتى، ئۇ يېڭى ئۆيگە بىر يۈرۈش چىرايلىق چىنە - قاچا سېتىۋالماقچى ئىدى. ئۇلار بازارنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئايلاندى، ئۇيان تاللاپ، بۇيان تاللاپ، نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىرلىكتە مالاچۇەن يېدى، كۈلكە - چاقچاقلار ئۈزۈلمىدى. «مېنىڭ ھازىر مۇقىم كىرىمىم بار، ئۆزى تاپقان پۇلنى خەجلىگەندىكى تۇيغۇ بەك ياخشى بولىدىكەن!» دېدى ئۇ چىن قەلبىدىن تەسىرلىنىپ.

## ■ «مەنمۇ ئوقۇتقۇچى بولدۇم»

ئايتۇرسۇنخاننىڭ تۇرمۇشى ئالدىراشلىق ئىچىدە مەنىلىك ئۆتمەكتە، ھەر ھەپتىدە تۆت كۈن كەچتە ئۇ كەنتتىكى كەچلىك كۇرسقا بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۆگىتىدۇ. «كەنت ئاھالىلىرى دەرس تېز ئۆتۈلىدىغان سىنىپ، دەرس ئاستا ئۆتۈلىدىغان سىنىپ دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلغان بولۇپ، مەن دەرس ئاستا ئۆتۈلىدىغان سىنىپقا دەرس ئۆتىمەن. مەنمۇ ئوقۇتقۇچى بولدۇم» دېدى ئۇ.

كەنتتىكى دەرسخانا ئازادە پائالىيەت مەركىزىگە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئايتۇرسۇنخان دوسكىغا «古» خېتىنى يېزىپ سۆزلۈك ياسىدى. «古，古老、古人、古诗......» ئۇ بىر قېتىم ئوقۇسا، كۆپچىلىك ئەگىشىپ بەش قېتىم ئوقۇدى.

كەنت ئاھالىسى ئايشەمخان ئابدۇقادىر ھەربىر سۆزدە بىر تىنىپ تۇرۇپ مۇخبىرلارغا، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشنى ئەمدى باشلىغانلىقىنى، پۈتۈڭخۇانى ناھايىتى ئۆگەنگۈسى بارلىقىنى، ئايتۇرسۇنخانغا ئوخشاش باشقىلار بىلەن راۋان سۆزلەشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشتە، ئايتۇرسۇنخان ئىزچىل ناھايىتى كۆڭۈل قويىدۇ. تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىدى: مەن ھازىر بەك ئالدىراش، چۈنكى مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن، تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتىۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ئايتۇرسۇنخاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلار يېزىلدى: كەچلىك كۇرستىكى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن كەنت ئاھالىلىرى ماڭا، رەھمەت مۇئەللىم! دېدى، مەن ئىچ - ئىچىمدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم، بەك خۇشال بولدۇم!

«دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىدىكى كۆۋرۈك، مەن بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن دەرس تەييارلاپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالىلىرىگە ئۆگىتىمەن، بۇ مېنىڭ پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى بىر خىل ئۇسۇلۇم» دېدى ئايتۇرسۇنخان.